# بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنداق تاماقلارنى نادىر ئەھۋاللاردا يەيتتۇق، ئۇنداق تاماقلارنى يېگىنىمىزدە، قولىمىزنى ئېيتىدىغان لۆڭگە، قولياغلىقلار يوق بولۇپ، پەقەت ئالقان، بىلەك ۋە پۇتلىرىمىزلا بار ئىدى، تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇيتتۇق

سەئىد ئىبنى ئەلھارىس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئوتتا پۇشۇرغان تاماقنى يېسە تاھارەت ئالامدۇ؟ دەپ سورىغاندا جابىر: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنداق تاماقلارنى نادىر ئەھۋاللاردا يەيتتۇق، ئۇنداق يېمەكلەرنى يېگىنىمىزدە، قولىمىزنى ئېيتىدىغان لۆڭگە، قولياغلىقلار يوق بولۇپ، پەقەت ئالقان، بىلەك ۋە پۇتلىرىمىزلا بار ئىدى، تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇيتتۇق، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

سەئىد ئىبنى ئەلھارىس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاقلاش ياكى قاينىتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئارقىلىق ئوتتا پۇشۇرۇلغان تاماقنى يېسە تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولمايدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ دەلىلىنى بايان قىلىپ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنداق تاماقلارنى نادىر ئەھۋاللاردا يەيتتۇق، ئۇنداق تاماقلارنى يېگىنىمىزدە، قولىمىزغا يۇقىقان مايلارنى ئېيتىدىغان لۆڭگە، قولياغلىقلار يوق ئىدى، بىز تاماقنىڭ مايلىرىنى يالىۋەتكەندىن كېيىن ئالقان، بىلەك ۋە پۇتلىرىمىزنى مايلىۋالاتتۇق، ئاندىن كېيىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇيتتۇق، دېدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee